# ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا ئۇنى پەرىشتىلەر پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن بولاتتى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئەبۇ جەھىل: «ئاراڭلاردا مۇھەممەدنىڭ يۈزى توپىغا مىلىنىشىنى خالامسىلەر؟» دېدى، ئۇلار: «ھەئە» دېيىشتى، ئەبۇ جەھىل: «لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەمكى مۇھەممەدنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەم گەدىنىگە دەسسەيمەن ياكى يۈزىنى توپىغا مىلەيمەن» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە كېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەبۇ جەھىل گەدىنىگە دەسسەش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا مېڭىۋىتىپ، تۇيۇقسىز كەينىگە داجىپ ئىككى قولى بىلەن ساقلاندى، «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورالغاندا، ئەبۇ جەھىل: مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئوت لاۋىلداپ تۇرغان ئورەك، قورقۇنۇچ، ۋە قاناتلار پەيدا بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا ئۇنى پەرىشتىلەر پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن بولاتتى»، ئاللاھ تائالا بۇ توغرىدا ئايەت نازىل قىلدى: «شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستىنلا ھەددىدىن ئاشىدۇ[6ـ7].(ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)[8]. ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟[9ـ10]ماڭا (ئۇنىڭ ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى) (نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) توغرا يولدا بولغان بولسا[11]، ياكى تەقۋادارلىققا بۇيرىغان بولسا (بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟)[12] ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلسا، ئىماندىن (يۈز ئۆرۈسە)[13]، ئەبۇ جەھىل، ئاللاھنىڭ (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟[14]ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن، يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز[15-16]. ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرسۇن![17] بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى)نى چاقىرىمىز[18]. (بۇ فاجىر گۇمراھلىقتىن) يانسۇن! ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن». راۋىلاردىن بىرى بولغان ئۇبەيدۇللاھ ھەدىسىدە: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر قانچە ئىشقا بۇيرىدى. ئابدۇل ئەئلا دېگەن يەنە بىر راۋى: ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرسۇن![17]، يەنى: «ئۆز قەۋمىنى» دېگەن سۆزنى زىيادە قىلدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ جەھىل بىر كۈنى يارەنلىرىگە: «مۇھەممەد ئاراڭلاردا، سىلەر كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان يەردە ناماز ئوقۇپ، توپىغا سەجدە قىلامدۇ؟» دېدى، ئۇلار: «ھەئە» دېيىشتى، ئەبۇجەھىل لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم قىلىپ: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەم ئۇنىڭ گەدىنىگە دەسسەيمەن ياكى يۈزىنى توپىغا مىلەيمەن» دېدى. بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گەدىنىگە دەسسەش ئۈچۈن يېقىنلىشىۋاتقاندا ئۇلار ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۇشتۇمتۇت قورقۇپ كەينىگە يانغانلىقىنى، ئىككى قولىنى سوزۇپ بىر نەرسىدىن ساقلانغاندەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، يارەنلىرى ئۇنىڭدىن: [ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى، ئەبۇجەھىل ئۇلارغا: مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ گەدىنىگە دەسسىمەكچى بولغىنىدا ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى قورقۇتۇپ قاچۇرغان ئوتقا تولغان بىر ئورەكنى ۋە قاناتلارنى ۋە قورقۇنۇچلۇق ئىشنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا خەۋەر بېرىپ: «ئەگەر ئۇ ماڭا يەنە يېقىنلاشقان بولسا پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پارچە، پارچە قىلىۋەتكەن بولاتتى» دېدى. ئاللاھ تائالا ئايەت بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: «شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستىنلا ھەددىدىن ئاشىدۇ[6ـ7].(ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)[8].

نامـاز ئوقۇۋاتقـان بەنـدىنى (يـەنى مۇھەممـەد ئەلەيھىسـسالامنى) توسـقان ئـادەمنىڭ (ھـالىنى) ماڭـا ئېيتـپ بەرسەڭچۇ؟[9ـ10]ماڭا (ئۇنىڭ ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى) (نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) توغرا يولدا بولغان بولسا[11]، ياكى تەقۋادارلىققا ئەمر قىلغان بولسا (بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟)[12] ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلسا، ئىماندىن (يۈز ئۆرۈسە)[13]،ئەبۇ جەھـل، ئـاللاھنىڭ (ئـۇنى) كـۆرۈپ تۇرىـدىغانلىقىنى بىلمىـدىمۇ؟[14]ئۇ گۇمراھلىقتىـن يانسـۇن، ئەگـەر ئـۇ بۇنىڭـدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ـ يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز[15 ـ 16].ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرسۇن![17] بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى) نى چاقىرىمىز[18].(بۇ فاجىر گۇمراھلىقتىن) يانسۇن! ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن». ئايەتتىكى ئىنساندىن ئەبۇ جەھىل مەقسەت قىلىنغان، ئۇ ئۆزىنى بىھاجەت دەپ ئويلاپ كۆپىردا، ئاسىيلىقتا ۋە زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشتى، «ئى مۇھەممەد! بۇ كاپىرنىڭ بارىدىغان جايى سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىگىدۇر(جەھەننەمگىدۇر)، ئاللاھ ئۇنىڭغا دەرتلىك ئازابىنى تېتىتىدۇ، ئى مۇھەممەد! ماڭا دېگىنە!، ئەبۇ جەھىل ئۆزى ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ، ھەقنى ئىنكار قىلىپ، سېنى كەبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇشتىن چەكلەمدۇ؟ بۇنىڭدىن ئەجەپلىنەرلىك ئىش بولامدۇ؟ قارىمامسەن! مۇھەممەد توغرا يولدا، كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا بۇيرىسا، ئەبۇ جەھىل مۇھەممەد ئەۋەتىلگەن ھەقنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭـدىن يـۈز ئۆرىسـە، ئۇنىڭغـا ئىشەنمىسـە، ئەبـۇ جەھـل ئـاللاھ تائـالانىڭ ئـاشۇ ئىشلارنىـڭ ھەممىسـىنى كـۆرۈپ تۇرىـدىغانلىقىنى، قىيـامەت كۈنىـدە ئـۇنى قـاتتىق جازالايـدىغانلىقىنى بىلمەمـدۇ؟ ئەبـۇ جەھـل ئۆزىنىـڭ مۇھەممـەد ئەلەيھىسـسالامنى ئىنكـار قىلىشـى، تىللىشـى، ئـازار يەتكـۈزىشى قاتـارلىق ناچـار قىلمىشـدىن يانسـۇن!، بىـز ئـۇنى كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ جەھەننەمگە تاشلايمىز، مۇشۇ يالغانچى، گۇناھكار كاللىنىڭ ئىگىسى بولغان ئەبۇ جەھىل شۇ ۋاختىـدا ئۆزىنىـڭ سورۇنـداشلىرىنى، قـەۋمىنى يـاردەم بېرىشكـە چاقىرسـۇن، ئەگـەر ئـۇ ئۆزىنىـڭ سورۇنـداشلىرىنى چاقىرسا، بىزمۇ جەھەننەمنىڭ قوپال، قاتتىق قول پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز، ئى مۇھەممەد! ئۇ كاپىرغا بويسۇنۇپ كەبىدە ناماز ئوقۇشنى تاشلىما، ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، تائەت-ئىبادەت بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشقىن»

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10558

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee